# قۇرئاننىڭ سېھىرلىك دۇنياسى

ئەبەدىلىيكىنىڭ، كەلىمە ۋە ھەرپلەر دۇنياسىدا چاقنىغان نۇر بىردۇر قۇرئان. ئىنسان بىلەن جىنلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى، چۈشەنچىسى ۋە سېزىم ئاتلىسىدا شاھەنشاھنىڭ ئاۋازىدۇر قۇرئان. بىر كۈن كېلىپ ئۇ، ئەڭ قىممەتلىك بىر سەدەپ ئىچىدە ئۈنچە ـ مەرجانغا ئايلانغاندا، سۆزمەنلەرنىڭ كۆزلىرىمۇ، ساغرىپ سولمايدىغان ۋە رەڭگى ئۆچمەيدىغان بىر گۈزەللىك بىلەن تونۇشىدۇ. قۇرئان، پارلاق بىر نۇر بولۇپ، كائىناتنىڭ چېھرىسىگە ياغقان كۆڭگچىلىك، ھەر جەھەتتىن ئايرىم بىر رەڭ، نۇسخا ۋە ئاھاڭنىڭ نەمۇنىسى بولغان شۇ كاتتا دۇنيا بىر ياۋايى گۈللەر دۆلىتى ئىدى. ھەر قۇرى، «ئالى پادىشاھلىق»نىڭ ئايرىم بىر سىرىغا تەڭ ھېساپلىنىدىغان بۇ مەۋجۇدىيەت كىتاۋى بولسا بىر دۆۋە تارقاق ۋاراقلاردىن ئىبارەت ئىدى. قۇرئان بىر قۇياشقا ئوخشاش توغقاندا ـ ھېچ بولمىغاندا كاللىسىدا مەنپىي چۈشەنچىلىرى بولمىغانلارنىڭ قارشىدا ئۇ كۆڭگچىلىك پۈتۈن ئۆيۈقىنى قاراڭغۇلۇقى بىلەن قاپلىغان توپ توپ بۇلۇتلار تارقىلىپ كەتتى ۋە مەۋجۇداتنىڭ گۈزەل يۈزى نامايەن بولدى. بارلىق ئەشيا ئوقۇلۇپ زەۋق ئېلىنىدىغان بىر كىتاپنىڭ ئابزىسى، جۈملە ۋە كەلىمىلىرىگە ئايلاندى... ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ ئىشتىلىشى بىلەن بىرگە كۆكۈل كۆزلىرىگە نۇرلار ياغدى... ۋە روھلاردا جۇلالىغان ھىسلار بىلەن، ئۇ ھىسلارغا تەرجىمان بولىدىغان تىللارمۇ نۇرلۇق ناخشىلارنى ئېيتىشقا باشلىدى.

شۇنداق، كۆزلەر، كۆكۈللەر ئۇنىڭ بىلەن نۇرلانغان كۈندىن ئېتىبارەن، مىڭلىغان يىللاردىن بېرى ھەل قىلىنىدىغان كۈنى كۈتۈپ كېلىۋاتقان كائىناتقا مۇناسىۋەتلىك تېپىشماقلار، ئىچ ـ ئىچىگە كىرىشىپ كەتكەن مەسىلىلەر، بىر ـ بىرلەپ ھەل بولۇشقا باشلىدى ۋە ئىنسان + مەۋجۇدات + ياراتقۇچى مۇناسىۋىتى ئۈن تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئېنىق رەۋىشتە نامايەن بولۇپ؛ پۈتۈن مۆبھەملىكلەر مەنىلىك كىيىملەرنى كىيىپ ھېكمەت ئورۇنتىلىرىدا ئايلىنىشقا باشلىدى.

ساغلام بىلىم ۋە توغرا چۈشەنچىنىڭ بېشى قۇرئان بولغىنىدەك، توغرا ئىپادىنىڭ، لوگىكىلىق باياننىڭ ئاساسىمۇ يەنە قۇرئاندۇر. ئۇ بىۋاستە خىتاپ قىلغان كىشى بولسا، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇلۇغى بولۇپ، ئۇلۇغ يۇرقان بولسا بارلىق سەماۋىي ۋە غەيرى سەماۋىي كىتاپلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر. بۇرۇنقىلار، ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يوللىرىنى ئىشارەت بىلەن كۆرسىتىش ياكى بايراق تىكلەش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى؛ كېيىنكىلەر بولسا ـ بىرئاز ئۆز روھلىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىغا قاراپ، ئۇنى شەرھلەش ئۈچۈن كەلدى... كونىلار، رەسىملەردىكىگە ئوخشاش بولۇپ، يېڭىلار بولسا، ئۇنىڭ بەدىئىي رەسىملىرىدە مەيدانغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ تەسىر ۋە ئىنقىلاپلاردا ئۇنى كۆرگەن، تونىغان ۋە ئۇنىڭغا «سۆز پادىشاھى» دېگەن ھالدا ھۆرمەت بىلەن تىللىرىنى چىشلەپ، تۆپىلىرىنى يۇتۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ ئېگىللىدى.

قۇرئان، ئوخشىمىغان دولقۇنسىمان شەكلىدىكى يورۇقلۇق ۋە رەڭلىرىنى يەر شارىغا يايغاندا، قەدىرشۇناس روھلارمۇ ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ھېچ ئايرىماستىن پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلەندى. ئۇ بىر شارقىراتمىغا ئوخشاش كۆكلەردىن كۆكۈللەرگە ئېقىۋاتقاندا، ھوشيار يۈرەكلەرمۇ باغرىنى ئۇنىڭغا ئېچىپ ھېچبىر تامچىسىنىمۇ زايا قىلماسلىققا تىرىشتى.

ئۇ بىر ھۇجۇم بىلەن ئەڭ خىلۋەت يەرلەرگىمۇ ئاۋازىنى ئىشىتتۇردى ۋە ئۇچقۇن چېچىۋاتقان بارلىق لەنىتى خىرىلتىلارنى باستۇرۇپ... خاتا چۈشەنچىگە ئېگە بولمىغان بارلىق كىشىلەردە كەۋسەر يانقىلىرىنى ئويغاتتى.. ۋە پەتىھ قىلغان يۈرەكلەردە ھىجران ئوتلىرىنى ئۇچۇرۇپ، پۈتۈن روھلاردا ۋىسالنىڭ ئارزۇ ۋە ئۇمىتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈردى. سوغۇق تەبىئەتلەر ئۇنىڭ بىلەن ھارارەتلەندى، ئەبەدىلىك ئارزۇسى بىلەن كۆتىۋاتقان كۆڭۈللەر بولسا، ئۇنىڭ بىلەن سەرىنلەندى.

ھەر تەرىپى كونىسىپ چۆل - چۆل بولۇپ كەتكەن، ھەر تەرىپى سارغىيىپ رەڭگى ئۆچكەن شۇ پانىي دۇنيادا، ھەر دائىم رەڭگارەڭ ۋە يېپ يېڭى قالالايدىغان بىر نەرسە بار دېيىلسە، ئۇ قۇرئان كەرىمدۇر. جابابىي ئاللاھ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشنى ئۆزىئۈستىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ، نازىل بولغان كۈندىن ئېتىبارەن، چىقىپ كەلگەن شۇنچىۋۇلا ئۇلۇغ مۇخالىپ شاماللارغا، كۆتۈلمىگەن سوغۇقلارغا، مۇزغا ۋە ۋاقىتسىز ياغقان قارلارغا، بەزى بەزىدە ئۆزگىرىپ تۇرغان ئاتموسپىراغا، ئۆزگەرگەن شەرت - شارائىتلارغا...قارىماستىن دائىم ئەسلىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، نازىل بولغان كۈندىكىدەك قالالىغان بىردىن - بىر كىتاپتۇر. شۇڭلاشقىمۇ قۇرئان، قاچانكى ئۆز تىلى بىلەن ھاياجانلانغان يۈرەكلەردە يۈكسەلسە، روھلىرىمىزدا خۇددى ئاسماندا ھازىر ۋە نازىر بولغان بىر ئىلاھى داستىخان ۋە جەننەتتىن كەلگەن بىر تۇتام قىممەتلىك خورما تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ. قاچانكى ئۇ، ئىچىدىكى جەۋھەرلەرنى ئەتراپقا چاچسا، ئىمانلىق كۆڭۈللەرنى بارلىق دۇنيالىق سەرۋەتلەردىن بىھاجەتلىك تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ. قۇرئان، ئىلاھى سۆزلەردىن تىزىلغان بىر گەردانلىق، چەكسىز بىر ئىلىم بولىقى، بەشەر ئىدراكىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى ۋە ئىلاھى ئەۋرىشىملەردىن ئۆرۈلگەن پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ خاتىرىسىنى نامايەن قىلىدىغان ئۈنچە - مارجانلارنىڭ ئەڭ سۈپەتلىكراقىدۇر. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان بولۇڭ پۇشقاقلاردا سۆز شەكلىدىكى پۈتۈن ئىپادىلەر بىرەر خىرىلتىغا ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ بايرىقى لەپىلدىگەن يۇلتۇزلاردا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ روھلىرىغا نۇر، شەيتانلارنىڭ باشلىرىغا بولسا تاشلار ياغىدۇ ۋە ئۇ يەرلەردە ئىمان - ئېتىقادلىق كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ياشايدۇ.

قۇدرىتى چەكسىز ئاللاھ، ئىككى دۇنيا بەخت - سائادىتىنى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە باغلىغان. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىلتىماس قىلماستىن نىشانغا يېتىش قەتئىييەن مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ يوليۇرۇقلىرىغا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلمىغان يولۇچىلارمۇ يېرىم يولدا قالىدۇ. ئارقىسىغا مىندۇرىۋالغانلارنى، ئېزىقتۇرماستىن، خاتالاشتۇرماستىن مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ ئاخىرقى سۆز ئۇدۇر. ھەر ۋاقىت ۋە ھەممە كىشى تەرىپىدىن ناھايىتى ئاسانلا تىلاۋەت قىلىنىسىمۇ، ئېيتىلىشى ئىمكانسىز بولغانمۇ يەنە ئۇ. ئۇنى تولۇق مەنىسى بىلەن يۈرەكلىرىدە ھىس قىلغانلار، ئىشتىلىشى كېرەك بولغان ھەر نەرسىنى ئاڭلاپ ھىس قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ تەمىنى تەلتۈكۈس تېتىپ، زەۋق ئالغان كۆڭۈللەر، بىرەر «رەھماننىڭ ئەرشى» ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بولسا، دائىما پەرىشتىلەرنىڭ تىنىقلىرى بىلەن گىرەلەشكەن بولىدۇ.

قۇرئان يەر يۈزىنى شەرەپلەندۈرگەن كۈنگىچىلىك، كېلىپ كەتكەن ھەر پەيغەمبەر، ئۆز دەۋرىنى

يورۇتىدىغان چىراغىنى ئۇنىڭ نۇرىنىڭ مەنبەسىدىن تۇتاشتۇرغان ۋە ئەتراپىدىكى بىپايان چۆللەرنى ئۇنىڭدىن بىر نەچچە تامچە ئېلىش ئارقىلىق جەننەتكە ئۆزگەرتكەن.
ھەتتا، ئۇنىڭ سايىسى چۈشكەن ئەڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆتكەن چاغلارمۇ، بىرەر ئالتۇن دەۋرگە ئايلانغان. ئەسلىگە قۇلاق سېلىپ ھايات كەچۈرگەنلەرنىڭ دەۋرلىرى بولسا، جەننەتتىكى ئەتىتىگەنلەردىن پەرقسىزدۇر. ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن يۈتلىرىنى ئالغانلار پەرىشتىلەرگە ئوخشىسا، ئۇنىڭ نۇرلۇق ئىقلىمىدا ياشايدىغان جانلىق ـ جانسىز پۈتۈن مەۋجۇداتلار قېرىنداشتۇر.
قۇرئاننى تولۇق ئىشتەلىگەن بىر يۈرەكنىڭ ئالدىدا چوڭ دەريالار تامچە كەبى قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن ئايدىڭلانغان بىر دېماغنىڭ يېنىدا قوياش بىر شام يورۇقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭۈللىرىمىزدە ھېس قىلىنغان تىنىقى جانلىرىمىزغا جان قوشۇپ، ئەشيانىڭ چەھرىسىگە چۈشكەن يورۇقلۇق بىلەن پۈتۈن مەۋجۇداتلار بىرلىكتە ھەق تائالاغا ئىشارەت قىلىدىغان بىر ھۆججەت بولىدۇ. ئۇنىڭ نەپەسلىرى ئىشتىلگەن ئەڭ يىراق جايلارمۇ ئىسراپىلنىڭ سۇر ئاۋازىنى ئىشتكەندەك تۇيۇقسىز تىرىلىدۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ يەرلىك شىۋىسى بىلەن ئىشتكەن قۇلاقلار، جىبرائىل ‹ئەلەيھىسسالامدىن نەغمە ئاڭلىغاندەك ھوزۇرلىنىپ؛ جانلىنىدۇ ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە غەرق بولىدۇ. چۈنكى «بۇ كىتاپ، ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئەقىل كۆزلىرىنى ئاچىدىغان بىر ھىدايەت ۋە ھۆججەتتۇر...».
يەنە ئۇ، ئىنسانلىق تەبىئىتى ئۆلمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر رەھمەت ۋە ھىكمەت مەنبئىدۇر.
شۇنى كىسىپ ئېيتالايمىزكى، قۇرئان ئىنسانىيەتنىڭ باللىق دەۋرلىرىدە يەرلىك شىۋىلەردە يېزىلغان كىتاپچىلار مۇساپىسىدە قېلىپ زامان ۋە ماكان چىگرىلىرىنى ھالقىمىغان، ھالقىيالمىغان، باشقا كىتاپلارغا ئوخشىمايدۇ؛ ئۇ، بارلىق زامانلارنى ۋە ماكانلارنى ھالقىغان ۋە ئېتىقادتىن تارتىپ ئەڭ كىچىك ئەدەپ ـ ئەخلاقچىلىك، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىغان چوڭقۇر ۋە مول مەنىگە ئىگە بىر مۆجىزىدۇر. ئۇ، بۇ رەۋىشتە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كۈنىمىزدىمۇ ھەممە كىشىنى ۋە ھەممە نەرسىنى مۇنازىرىگە چاقىرالايدىغان كۈچكە ئىگە بىردىن بىر كىتاپتۇر.
قۇرئان، نازىل قىلىنغان دەۋىردە بىرىنچى بولۇپ خىتاپ قىلىنغان كىشىلەر بولغان نىشاندىكى ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن مۇنازىرىلىرىدە غالىبىيەت قازىنىپ، ئۇلاردىن، مەزمۇن جەھەتتىن قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر كىتاپ، ھېچ بولمىغاندا بىر سۈرە، ئۇمۇ بولمىغاندا بىر ئايەت كەلتۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. قۇرئانغا بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققان بۇ كىشىلەر، ئۇنىڭ مەنە ئىپادىلەش كۈچىنىڭ تەسىرىدە قېلىپ، ئۇنىڭغا «سېھىر» دېگەن بولسا، قۇرئاننىڭ بەدىئى ئۇسلۇبىغا قاراپ ئۇنىڭغا «شېئىر» دېدى. نەرسىلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئىشلار توغرىسىدا خەۋەر بەرگەنلىكىگە قاراپ ھاڭۋېقىپ قېلىشىپ ئۇنى «كاھىنلىق» دېمەكچىمۇ بولۇشتى ... بىراق قەتئى ھالدا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا چىقىرالمىغان ئىدى. نەزمە، نەسىر... قىسقىسى ھەرخىل ئۇسلۇپتا سۆزلىيەلەيدىغان، ئەدەبى ئۇسلۇپتا سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ئۇ كۈنكى سۆزمەن دۇشمەنلەر، تىللىرىنى چايناپ، قۇيرۇقلىرىنى قىسىپ، بىر بۇرجەكتە سۈكۈت قىلىش ۋە خىجالەتچىلىككە غەرىق بولغىنىدەك، ھەددىدىن ئاشقان بۇ دەۋرنىڭ جاھىل ئىنكارچىلىرىمۇ، كونىلاردىن

مىراس ئالغان مۇنازىرە روھى ئالدىدا، ئۇنچىۋۇلا ھەلە ـ نەيرەڭ، دىئالېكتىكا ۋە قارشى تۇرۇش تاكتىكالىرىغا قارىماي، ئاجىزلىق ۋە غەزەپ ـ نەپرەت ئىچىدە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇشۇپ ئولتۇرۇشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمىدى. زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن دەۋر ئۆزگىرىپ، ئەسىرلەر تېگىشكەن، چۈشەنچىلەر پەرقلىق ھالغا كەلگەن، مۇنازىرە ۋە كۆرەش تۈيغۇسى تېخىمۇ ھارارەتلەنگەن بولسىمۇ، قۇرئان، بۇنچىۋۇلا خىلمۇ ـ خىل يوللار بىلەن قارشى چىقىشلار ئالدىدا ھازىرمۇ تاغدەك مۇستەھكەم، دەريالارغا ئوخشاش مول ۋە بەرىكەتلىك، ئاسمان كەبى يۈكسەك ۋە تەمكىن، شۇنداقلا كۆركەم تۇرۇشى بىلەن يۈرەكلەرنى تىترەتمەكتە ۋە كاللىنى چۆگىلەتمەكتە. ئۇ، روھلىرىمىزغا تەخت قۇرغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۆتكەن مىڭ تۆت يۈز نەچچە يىل مابەينىدە، بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان دەۋرلەردە نۇرغۇنلىغان سۆزمەنلەر يېتىشتى، ئىپادە سەلتەنەتلىرى قۇرۇلدى؛ پەرقلىق سىستېمىلار، ئوخشىمىغان گۇرۇپىلار، ئوخشاش بولمىغان پىكىر ئېقىملىرى سۆزلەرنىڭ ئەڭ سېھىرلىك بولغانلىرىنى، ئىپادە ئۇسلۇپلىرىنىڭ ئەڭ جەلىپ قىلارلىق بولغانلىرىنى ئۆزلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، شۇنداقلا قۇرئاننى يوق قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئىسكىلاتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھەر خىل چارىلەرنى قوللاندى ۋە داۋاملىق بۇ كىتابقا ئورۇش ئاچتى. ئەمما، ئۇنىڭ كائىنات، ئەشيا ۋە ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك ئورتىغا قويغان ئاساسلاردىكى ئۇيۇمچانلىقى، ئىزاھاتلاردىكى چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئىشەنچلىكلىكى، تۈيۇقسىز ئوتتۇرىغا تاشلانغان سوئاللارغا جاۋاپ بېرىشتىكى ئىلمىلىكى ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ كەلدى. شۇنداق، قۇرئان كائىناتقا، ئەشياغا ۋە ئىنساننىڭ ماھىيىتىگە قارىتا ئادەتتىن تاشقىرى ئىلمي بىر ئۇسلۇپ بىلەن پەرقلىق بىر پىكىر ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ چۈشەنچە بىلەن ئۇ، بارلىق مەخلۇقاتنى، بولۇپمۇ ئىنساننى بىر پۈتۈن ھالدا ۋە كەمتۈكسىز بىر رەۋىشتە چۈشەندۈرىدۇ ۋە ھېچبىر نوقتىنىمۇ كۆزدىن قاچۇرماستىن ھەر نەرسىنى مۇناسىپ بىر ئورۇنغا قويىدۇ. پارچىلارنىڭ پۈتۈنى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى، پۈتۈننىڭ ئۆز پارچىلىرى ئالدىدىكى ئورنىنى ئەڭ ئىنچىكە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ... ۋە بۇ چوڭ «كىتاب» ۋە ھەشەمەتلىك مەھشەر بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋىتى بولغان ئىنساننىڭ ئەقلىگە كېلىدىغان ئەڭ كىچىك سوئاللارغىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان جاۋاپلارنى بېرىدۇ. ئۇ، مەۋجۇداتنىڭ كۆرۈنىشى بىلەن پەردە ئارقىسىدىكى سىرلارنى ئەڭ ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ، زېھنىلەردە ھېچقانداق شۈبھىگە ئەسلا يول قويمايدۇ. يەنە قۇرئان مەسىلىنى تەپسىلي ھالدا بايان قىلغاندا ئەقلى جەھەتتىن بولمىسۇن، مەنتىقى جەھەتتىن بولمىسۇن، زېھنىلەردە ياكى ھېس ـ تۇيغۇلاردا بولمىسۇن ھېچقانداق بىر بوشلۇققا ئىمكانىيەت بەرمەيدۇ. ئۇ، ئىنساننىڭ ئەقىل، شۇئۇر، ھېس ۋە ئىدراكىنى شۇ دەرىجە كونترولى ئاستىغا ئالىدۇ ۋە دېگەنلىرىنى شۇنداق بىر رەۋىشتە قوبۇل قىلدۇرىدۇكى، ئۇنىڭ بۇ ماگنىتلىق تەسىرى ئالدىدا ئىنسان خۇددى ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى ئۇنتۇپ، جانابى ئاللاھ تەرەپكە قاراپ يولغا چىققان ھەقىقەت يولۇچىلىرىغا ئوخشاش ھەيرانلىقتىن ئۆزىنى يوقۇتۇپ، ئەجەپلەنگەنلىكتىن ئۆزىنى بىئارام ھېس قىلىدۇ ۋە پەرۋەردىگارىدىن قورقانلىقىدىن بوينىنى قىسىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە،

«پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن دېڭىزلار سىياھ بولسا، ھەتتا ئۇنىڭغا بىر ئوخشىشى قېتىلسا، دېڭىزلار تۈگەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ (شەرىئەت ۋە ئالەمشۇمۇل ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك) سۆزلىرى ئاخىرلاشمايتتى.» دەپ پىچىرلايدۇ. قۇرئان، مانا بۇ پۈتمەس تۈگىمەس كەلىمە خەزىنىلىرىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى. ئىمانىمۇ، بۇ سىرلىق ئاچقۇچنىڭ چىشلىرى ياكى مەخپىي شىفىرلىرىدۇر. مەن، بۇ ئاچقۇچ ۋە شىفىرلەرنى قولىغا ئالغان بىراۋنىڭ كائىنات، ئەشيا ۋە ئىنسانغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق مەسىلىلەردە باشقا بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن.

ھېچكىم مېنىڭ، بۇ چېچىلاڭغۇ سۆزلىرىم بىلەن قۇرئانغا مەدھىيە ئوقۇغانلىقىمنى گۇمان قىلىپ قالمىسۇن. چۈنكى،ھەممىدىن ئاۋۋال مەن كىم بولىمەنكى، ئۇنى ماختاي؟

ئۇنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن، تەسۋىرچىلەر كېرەك،

تۇنۇگۇن ۋە بۈگۈن مەلەكۇتتا روھانىلەر سەپ، سەپ.

شۇنداق تەزىم قىلىدۇكى، ئۇنى تاۋاپ گۇمان قېلىسەن.

ئۇنىڭدىكى بۇ ئادەتتىن تاشقىرى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ سۆز جەۋھەرلىرىنى كۆرەلمىگەنلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ۋىجدانلىرىنى ئىشقا سالغانلارنىڭ، ھېچبىر ۋاقىت خاتالاشمىغانلىقىمۇ بىر ھەقىقەت. بولۇپمۇ ھازىرغىچىلىك ئۇنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى تەسىرىنى كۆرەلىگەن بولسا...

قۇرئان يەر شارىنى شەرەپلەندۈرگەن ئۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، روھلاردا، ئەقىللاردا ۋە كۆڭۈللەردە تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ ئىمكانسىز بولغان شۇنداق بىر تەسىر پەيدا قىلغان ئىدىكى، ئۇنىڭ ئۇ ئايدىڭلىق ئاتمۇسفىراسىدا يېڭىدىن ھاياتقا كۆزلىرىنى ئاچقان نەسىللەرنىڭ مۇكەممەللىكى، ئۇنىڭ ھەققىدە باشقا مۆجىزىگە ئېھتىياجلىق بولمىغۇدەك دەرىجىدە بىر مۆجىزىدۇر ۋە بۇ ئىنسانلارنىڭ، دىن ـ دىيانىتى، پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرى، ئەخلاقى، بەندىچىلىك سىرلىرىغا دائىر بىلىم ـ مەرىپەتلىرى جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر كىتاپنى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. تېخىمۇ توغرىسى قۇرئان، ئۇ دەۋىردە، ساھابە ئۇنۋانى بىلەن شۇنداق بىر نەسىل يېتىشتۈرگەن ئىدىكى، بۇ نەسىل پەرىشتىلەرگە ئوخشىتىلسا ئاشۇرىۋەتكەنلىك بولمىسا كېرەك. ئەسلىدە ئۇ، كۈنىمىزدىمۇ، چىن قەلبىدىن ئۆزىگە بورۇلغانلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئايدىڭلاتماقتا ۋە ئۇنىڭ روھى دۇنياسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچالىغانلارغا مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ مەخپىي سىرلىرىنى ئاشكارىلىماقتىدۇر. شۇ رەۋىشتىكى، يۇرەك، شۇئۇر ۋە ھىس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئۆتكۈرلىششى بىلەن ئونىڭ ئاتمۇسفىراسىغا كىرگەنلەرنىڭ تۇيۇقسىزدىن ھىس ـ تۇيغۇلىرى، چۈشەنچىلىرى، ئۆزگەرمەكتە ۋە ھەممە ئادەم مەلۇم مىقداردا بولسىمۇ ئۆزىنى، پەرقلىق بىر ئالەمدە ھىس قىلماقتا. شۇنداق، ئىنسان ئۇنىڭغا بىر قېتىم چىن قەلبىدىن كۆڭۈل بۆلسە، ئۇندىن كېيىن ھېچبىر ۋاقىت ئۇنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. قۇرئان، ئۆزىنىڭ ئاتمۇسفىراسىغا جەلىپ قىلالىغان ئوقۇغۇچىسىنى شۇ دەرىجە يۇمشىتىدۇ، ئىنچىكەلىتىدۇ، يۇغۇرىدۇ ۋە شەكىللەندۈرىدۇكى، ئىنسانغا ئۆزلىكىدىن بىر نەرسە بولىدىغان بولسا، پەقەتلا شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىشى مۇمكىن. ھەتتاكى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئۇنداق

بولماستىن ئۇنىڭ سايىۋەنلىكىدە تەبىئىي ھالدا بىر مۇكەممەللىشىش باسقۇچىغا كىرىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئەجەپلەندۈرىدۇ. قۇرئان، «ئەگەر تاغلار ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان بولسا بۇ قۇرئان ئارقىلىق ماڭدۇرۇلاتتى. يەر شارى كومپەيكۈم بولۇپ، ئۆلۈكلەر تىلغا كەلتۈرۈلىدىغان بولسا ئىدى ئۇمۇ يەنىلا شۇ قۇرئان ئارقىلىق بولاتتى.» دەيدۇ. چۈنكى ئۇ، يۈرەكلەردە، ھىسلاردا، شۇئۇرلاردا ۋە ئەقىللاردا شۇنداق بىر تەسىر پەيدا قىلغانكى، ئۇنىڭ بۇ تەسىرى تاغلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، يەرشارىنى كومپەيكۈم قىلىۋېتىشتىن، ئۆلۈكلەرنى تىلغا كەلتۈرۈشتىن ۋە مىڭلارچە يىلدىن بېرى چۈرۈپ توپىغا ئايلانغان جەسەتلەرگە جان كىرگۈزگەن بىلەن باراۋەر.

ھەر بىرى بىرەر يۈرەك ۋە روھ قەھرىمانى بولغان ساھابە گورۇھى، قۇرئاننىڭ ئىللىق ۋە بەرەكەتلىك ئىقلىمىدا يېتىشىپ چىققان خۇسۇسىي بىر جامائەتتۇر. ئۇلار، يەرشارىنىڭ دىگۇدەك كەڭ بىر قىسمىدا ۋە ئىنسانلارنىڭ تەخمىنەن بەشتە بىرىدە شۇنداق تەسىر قوزغىغان ئىدىكى، تاغلارنى يۆتكەش، جانسىز تەنلەرگە ھاياتلىق بەخش قىلىش ۋە يەرشارىنى ئەرشكە باغلاش دەرىجىسىدىكى بۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئۇلۇغ ئىشتا، ئۇلار بىلەن بەسلىشلەيدىغان باشقا بىر جەمىيەتنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس. قۇرئانغا كۆڭۈل بۆلگەن، ئۇنىڭ سەماۋى قۇراللىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ مۇجەسسەملەشكەن، تېخىمۇ توغرىسى، رۇھى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قۇرئانلاشقان بۇ ئىنسانلار، ئۇ فۇرقان بىلەن دۇنيا تارىخىدا ھېچ كۆرۈلمىگەن ئىشلارنى قىلىپ، ئۆلۈك روھلارغا ئەبەدى مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشنىڭ يوللىرىنى ئېچىپ، يەر شارىنىڭ چىھرىسىنى تىگىشتۈردى. مۇناسىۋەت باغلىغان جەمئىيەتلەرگە باشقا بىر دۇنيانىڭ چاقىرىقىنى ئىشىتتۈرۈپ، خاتا چۈشەنچىلەردىكى كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلىدى. ئاغىزلاردىكى سىرملارنى ئېچىپ، يارىتىلىشتىكى ئۆزگىچىلىك ئورنى جەھەتتىن ئىنسانلارنى يېڭىدىن ئاللاھ بەرگەن تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭغا قولىدىن كەتكۈزۈپ قويغان ھۆرمەت ئېتىبارىنى قايتۇرۇپ بەردى. كائىنات، ئەشيا ۋە ئىنسانىي يېڭى باشتىن چۈشەندۈرۈپ، يارىتىلىشتىكى بۇيرۇقلار بىلەن شەرئى قۇراللار ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇقلۇر ۋە سىرلىق مۇناسىۋەتنى قايتىدىن ئورغۇلدى. يۈرەك، ئىرادە، ھېس - تۇيغۇ ۋە شۇئۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانلىرىنى تۇرغۇزۇپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ روھىدىكى كېيىنچە مەيدانغا كەلگەن، نىسپى ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەر ۋاقىت بار بولغان قىممەتلەرنىڭ نامايەن قىلىنىشىنىڭ ئۇسۇل ۋە قائىدىلىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، نورمال ئىنسانلارنى ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئىنسانلاردىن بولۇشقا يۈزلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا كۆزى يەتكەن، تەسەۋۋۇر قىلالىغان، قەلبىدە ھېس قىلغان ھەر نەرسىدە قۇدرەت ۋە ئىرادىسى چەكسىز بولغان زاتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى جاكارلىدى ۋە ھەر نەرسىنى ئايرىپ ئۆز ئېگىسىنىڭ ئىلكىگە تاپشۇردى.

بىر مۆمىن، بۇ رەۋىشتە كۆزى - كۆڭلى ئۇچۇق، تۇيغۇلىرى بىلەن روھى ئويغاق، چۈشەنچە ۋە زېھنى ئاللاھقا باغلىق بولسا، ئۇ كىشى تەنگە ئائىت بارلىق ئاددىيلىقلاردىن يىراقلاشقان ۋە ھاياتقا باشقا بىر كۆز بىلەن قاراشقا باشلىغان ۋە ھىس دۇنياسىنىڭ چېگرىسىدىن ھالقىغان بولىدۇكى، بۇنداق ھەقىقەتپەرۋەر بىر

كىشى، ھەر نەرسىدە، مەۋجۇداتنىڭ ھەر پارچىسىدا ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ جۇش ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ قولىنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ھېسسى قىلىدۇ ۋە بىر ئۆكۈنۈش ۋە يېقىنلىق شۇئۇرى بىلەن ئۈمىت ۋە قورقۇنى گىرەلەشكەن ھالدا بىرلىكتە ياشايدۇ. دۇنيالىقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئاخىرەتنىڭ ئەڭ چەت يەرلىرىدە كېزىدۇ. نەپەس ئالغىنىدا ئۈمىت ۋە ئارزۇ بىلەن ئېلىپ، بەرگىنىدە قورقۇش بىلەن بېرىدۇ. داۋاملىق قۇرئان خەرىتىلەشتۈرگەن رامكا ئىچىدە ۋە سىزىقلار ئارىسىدا يۈرىدۇ ۋە بۇ شەكىلدە ھاياتىنى داۋاملىق ئۆلچەملىك ياشايدۇ.

جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنى قۇرئان كەرىمنى داۋاملىق ئوقۇيدىغان، ئوقۇغاندىمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەمر-پەرمانلارنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن ياشاش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان، چۈشەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان قۇللىرىدىن قىلسۇن.

خەلقئارا ئۇيغۇر ئىسلام مۇنازىرە مۇنبىرى